# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى

(بېشى 22 ـ بەتتە)

| 20 ـ جەدۋەل ئىقتىسادىي خەۋپسىزلىك كاپالىتى قۇرۇلۇشلىرى | |
|---|---|
| 01 | **ئاشلىق زاپاس ساقلاش ئەسلىھەلىرى**<br>يۇقىرى ئۆلچەملىك ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇپ، ئاشلىقنى يېشىل ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى ئاشلىق ئوبوروت تۈگۈنى ۋە باغچە رايونلىرىنى بىرىكتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىي ئەھۋالدا يېغىش ـ تارقىتىش ۋە يوللارنى تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. |
| 02 | **نېفىت ـ گاز چارلاش ـ ئېچىش**<br>سىچۈەن، ئوردوس، تارىم، جۇڭغار قاتارلىق نۇقتىلىق ئويمانلىقلاردا نېفىت ـ گاز چارلاش ۋە ئېچىشنى كۈچەيتىپ، بوخەي قولتۇقى، سۇڭخۇاجياڭ ـ لياۋخې ئويمانلىقىدىكى كونا نېفىتلىك رايونىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سىچۈەن ـ چۇڭچىڭ تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش كېرەك، سەنشى چىنشۈي ئويمانلىقى، ئوردوسنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆمۈر قاتلىمى گازىنى چارلاش ـ ئېچىش ۋە جەنۇبىي سىچۈەن، غەربىي خۇبېي، يۈننەن ـ گۇيجوۋ رايونلىرىدا سىلانتىس گازىنى چارلاش ـ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىپ، سىلانتىس مېيىنى چارلاش ـ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىش لازىم. نەنخەي دېڭىزى قاتارلىق رايونلاردا تەبىئىي گاز ھىدراتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىش كېرەك. |
| 03 | **كۆمۈردىن ماي ـ گاز ئېلىش بازىسى**<br>ئىچكى موڭغۇل ئوردوس، شەنشى يۈلىن، سەنشى جىنبېي، شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار، شىنجاڭ قومۇل قاتارلىق كۆمۈردىن ماي ـ گاز ئېلىش ئىستراتېگىيەلىك بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا زاپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. |
| 04 | **ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش**<br>بىر تۈركۈم كۈچلۈك قىسمەن دائىرىلىك ئېلېكتىر تورلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ جايلارنىڭ تىرەك ئېلېكتىر مەنبەسى ۋە مۇھىم ئابونتچىلارنى جىددىي كاپالەتلەندۈرۈش توك مەنبەسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى جىددىي قوماندانلىق سىستېمىسى، چوڭ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرى بىخەتەرلىك ۋە جىددىي باشقۇرۇش سۇپىسى قۇرۇش كېرەك. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ساھەسىنىڭ تور بىخەتەرلىكى تەقلىدىي تەكشۈرۈش مۇھىتى ۋە تور بىخەتەرلىكى ھالىتىنى سېزىش سۇپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. |
| 05 | **يېڭى نۆۋەتلىك كان ئىزدەشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكىتى**<br>ئۇل خاراكتېرلىك گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، نېفىت ـ گاز، ئۇران، مىس، ئالىيومىن قاتارلىق 100دىن 200گىچە كان ئىزدەش نىشان رايونى، تىجارەتلىك ئىزدەشكە بولىدىغان 200دىن 300گىچە نىشان رايون تېپىپ چىقىش كېرەك. |
| 06 | **جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش**<br>6 رايوندا جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى ۋە ئۇنىۋېرسال جىددىي تاقابىل تۇرۇش پراكتىكا ـ مانېۋىر بازىسى قۇرۇش كېرەك. قۇتقۇزۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال جىددىيەت ئەشيالىرى زاپاس ئامبىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم جىددىيەت ماددىي ئەشيالىرى ئوبوروت بازىسى قۇرۇش كېرەك. رايونلۇق يادرو ۋە رادىياتسىيەنى جىددىي ئۆلچەش ماددىي ئەشيا ئامبىرىدىن 3نى قۇرۇش كېرەك. |

## 54 ـ باب ئاممىۋى خەۋپسىزلىك كاپالىتى ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش

خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى خەۋپسىزلىك تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى خەۋپسىزلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھايات بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى خەۋپسىزلىك يوشۇرۇن ئاپەتنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى ۋە بىخەتەرلىك مۇداپىئە ـ كونترول سىستېمىسى ئورنىتىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ بارلىق خادىملار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە تەكشۈرۈش، سىگنال بېرىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، مەمۇرىي تەپتىش قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇم، كان، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، قاتناش، ئوت مۇداپىئە، يۇقىراۋى پارتلىتىش، ئالاھىدە ئۈسكۈنە قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكنى تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، زور يوشۇرۇن خەۋپنى تۈزەشكە دەرىجىمۇدەرىجە ۋەزىپىسىگە ئېسىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تۈزەش ئۈنۈمىنى باھالاشنى يولغا قويۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، سانائەت باغچە رايونى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. كانلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى قېزىش ۋە زور ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىلغار تېخنىكا ـ جابدۇقلاردا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، خەتەرلىك ئىش ئورۇنلىرىدا ماشىنا ئادەم ئىشلىتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نۇقتىلىق ساھەلەردە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭىتىش

يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكى قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ھەق تەلەپ پاراۋانلىق دەۋاسىدا جازالاش خاراكتېرلىك تۆلەم تۈزۈمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېمەكلىك سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تولۇق زەنجىرلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خاتىرجەملىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرىنى بىرلىشىپ تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. دورا بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ ـ قاتتىق كونترول قىلىپ، دورا ۋە ۋاكسىنىنى پۈتۈن ئىشلىتىش دەۋرىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، دورىنى ئېلېكترونلۇق سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق تۈردىكى دورىلارنىڭ مەنبەسى ۋە مەنزىلىنى پۈتۈن جەريانلىق سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېگانە بەلگە تۈزۈمىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنى كۆزىتىش، ئاربلاپ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، تېز مەلۇم قىلىش ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

### 3 ـ پاراگراف بىيو بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش

بىيو بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئۇنى تۈزەش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىيو بىخەتەرلىكنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ بىيو بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنى تەكشۈرۈش، سىگنال بېرىش سىستېمىسى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زور بىيو بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى ئۇچۇرىنى بىرتۇتاش ئېلان قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە چېگرادا سىرتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تۈرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. بىيو بىخەتەرلىك ئۇل ئەسلىھەلىرىنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەت بىيو سانلىق مەلۇمات مەركىزى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئالىي بىيو بىخەتەرلىك تەجرىبىخانا سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. بىيو بىخەتەرلىك بايلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت ئىرسىيەت بايلىقى ۋە بىيو بايلىق مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىيو تېخنىكا تەتقىق قىلىپ يارىتىش خەۋپ ـ خەتىرىنى باھالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىيو بىخەتەرلىك قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بىيو بىخەتەرلىك ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىيو بىخەتەرلىك خەلقئارا قائىدىسى تۈزۈشكە پائال قاتنىشىش كېرەك.

### 4 ـ پاراگراف دۆلەتنىڭ جىددىي ۋەقەلەرنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، مەخسۇس خىزمەت ۋە دائىملىق خىزمەت تەڭ تۇتۇلىدىغان، ئىنكاسى تېز، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولىدىغان جىددىي ۋەقەلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنىڭ جىددىي ۋەقەلەرنى باشقۇرۇش ئىقتىدار سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش، تەۋەلىكنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ دەرىجە بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، رايون ھالقىغان، ۋادى ھالقىغان ئاپەت ـ ھادىسىلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇشتا ماسلىشىپ ھەمتۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاپەت ـ ھادىسە خەۋپ ـ خەتىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھە بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، ئورمان ـ ئوتلاق ئوت ئاپىتى، گېئو ئاپەت، ھاۋارايى ئاپىتى، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوت مۇداپىئە ـ قۇتقۇزۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاۋىياتسىيە جىددىي قۇتقۇزۇش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. جىددىيەت ماددىي ئەشيا زاپىسىنىڭ تۈرى، كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي تەڭشەپ، تېز تەقسىملەش ۋە جىددىي توشۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. جىددىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق ئۇچۇرى ۋە ئۇنىۋېرسال كۆزىتىش، سىگنال بېرىش تورى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ناچار شارائىتتا جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ خەۋەرلىشىش كاپالەت ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. زور ئاپەت سۇغۇرتىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

## 55 ـ باب ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش

يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق، ئاقىل ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك تورى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەر تەرەپلىمە ھەل قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

يېڭى دەۋر «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»دە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش، ماجىرا ھەل قىلىش، جىددىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەر تەرەپلىمە ھەل قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاممىنىڭ تەلىپىنى ئىپادىلەش، مەنپەئىتىنى ماسلاشتۇرۇش، ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، خەلق مۇرەسسەسى، مەمۇرىي مۇرەسسە، ئەدلىيەلىك مۇرەسسە ھەمتۈرتكە قىلىنغان خىزمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. زىددىيەت ـ ماجىرانى كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇرەسسە قىلىش، كېسىم قىلىش، مەمۇرىي كېسىم قىلىش، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش، دەۋا قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ پەسەيتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئەرزىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى قانۇن بويىچە ۋاقتىدا ئۆز جايىدا ھەل قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىق مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي پسىخىكىلىق مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە پسىخىكا كرىزىسىغا تەسىر كۆرسىتىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم.

### 2 ـ پاراگراف جەمئىيەت ئامانلىقى مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش

مەخسۇس تۈزەش بىلەن ئاممىۋى تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاساسىي ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ئىستېرېئولىشىش، قانۇنچىللىشىش، كەسپىيلىشىش، ئاقىللىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىدىغان، خىزمەتتە ھەمتۈرتكە بولىدىغان، بىرلىكتە ئەمىنلىك بەرپا قىلىدىغان خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقى مۇداپىئە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. زەھەر چەكلەش خەلق ئۇرۇشى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملىق ياخشى قانات يايدۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ دائىملىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، يېڭىچە تور جىنايىتى ۋە دۆلەت ھالقىغان، رايون ھالقىغان جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى نۇقتىلىق رايونلارنى تەكشۈرۈش ـ تۈزەشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ماسلاشتۇرۇش ھەمتۈرتكە مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ سانلىق مەلۇماتلىق ئاقىل سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى نازارەت قىلىش ۋە ئۈنۈمگە چەك قويۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش خادىملىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەت دەرۋازىسى بىخەتەرلىكى مۇداپىئە سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم. خەلقئارا قانۇن ئىجرا قىلىش بىخەتەرلىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

## 16 ـ قىسىم دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، دۆلەتنى بېيىتىش بىلەن ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماشىنىلاشقان، ئۇچۇرلاشقان، ئاقىللاشقان يۇغۇرما تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ھەربىي مەشىق ۋە ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، 2027 ـ يىلى ئارمىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقى كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 56 ـ باب دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش

ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە يېتەكچىلىكىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى دەۋر ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىلغار ئۇرۇش نەزەرىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئارمىيە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىنقىلابىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئارمىيە ـ قىسىم تۈرلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك كۈچ ۋە يېڭى رايون، يېڭى ۋاستىلىك ئۇرۇش كۈچلىرىنى زورايتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەيۋە كۆرسىتىش ۋە بىرلەشمە جەڭ قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ھەربىي كۈچلەرنى بىرلىكتە مەشىق قىلدۇرۇش، بىرلىكتە كاپالەتلەندۈرۈش، بىرلىكتە ئىشلىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. ھەربىي خادىملارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېڭى دەۋر ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك. قورال ـ جابدۇقلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىپ، كۈچنى دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكىسىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش، ئىپتىدائىي يېڭىلىق يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك، ئالدىنقى قاتاردىكى، ئاغدۇرۇش خاراكتېرلىك تېخنىكىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، قورال ـ جابدۇقلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ دەۋر ئالمىشىشى ۋە ئاقىل قورال ـ جابدۇقلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك.

## 57 ـ باب دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنىڭ ماس قەدەمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئىستراتېگىيە قاتلىمىدىن ياخشى پىلانلاپ، بايلىق ئاملىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىياسەت ـ تۈزۈملەرنىڭ ماسلىقىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي باشقۇرۇش، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش، سىياسەت ـ تۈزۈم، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەت ئىستراتېگىيە سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق ساھە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەرنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدىكى مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش لازىم. ھەربىي قۇرۇلۇش ئورۇنلاشتۇرمىسى بىلەن رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېڭىز ـ ئوكيان، ئالەم بوشلۇقى، تور بوشلۇقى، بىيولوگىيە، يېڭى ئېنېرگىيە، سۈنئىي ئەقىل، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلەرنى ئارمىيە ـ خەلق بىرتۇتاش پىلانلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ پەن تەتقىقات ئەسلىھەلىرى بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوش يۆنىلىشلىك ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىش ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئورتاق قۇرۇش ۋە ئورتاق ئىشلىتىشنى كۈچەيتىپ، يېڭىچە ئۇل ئەسلىھەلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە دۆلەت مۇداپىئە تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. زامانىۋى ھەربىي ئەشيا ئوبوروت سىستېمىسى ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش كېرەك. ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ئىختىساسلىقلارنى بىرلىكتە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ئىختىساسلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش، سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكا سانائىتىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، ئۆلچەملىشىش ۋە ھەمماباپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. قورال ـ جابدۇق بازار ئىجازىتى، ھاۋا قاتنىشىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئۇرۇش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ھەربىيلەر ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ھەربىيلىكنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كەسىپكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

## 17 ـ قىسىم سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## 58 ـ باب سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى راۋاجلاندۇرۇش

پارتىيە ئومۇمىيەتنى ئىگىلەيدىغان ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تەرەپ، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»گە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە تۈرلۈك يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېننى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىش، ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئۆزىنى نازارەت قىلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلار ئالاقە باغلىغان ئاممىنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. بۈيۈك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، دىنلار مۇناسىۋىتى، تەبىقىلەر مۇناسىۋىتى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى قېرىنداشلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىك ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ چياۋمىنلار سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، چياۋمىنلار رايىنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش لازىم.

## 59 ـ باب دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ بەرپا قىلىپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇش يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزملارنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ئىزاھاتى تەرتىپ مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشنى تەكشۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھە، چەتكە چېتىشلىق ساھەلەرگە دائىر قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، چىقىرىش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاش، تۈزۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ،

(ئاخىرى 24 ـ بەتتە)